سەللەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈشى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1992 - يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى رايونلارنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىغا ئالاقىدار بىر قاتار مۇھىم، زور تونۇش مەسىلىلىرىگە نەزەرىيە جەھەتتىن جاۋاب بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈكسەلدۈردى.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 90 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. جۇڭگو گەرچە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ «جازالىشى»نى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دۇچ كەلگەن كەسكىن خىرىس يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل مۇرەككەپ ۋەزىيەت خېلى بىر قىسىم كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيەسىدە گاڭگىراش پەيدا قىلدى.

مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە، دېڭ شياۋپىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋۇچاڭ، شېنجېن، جۇخەي، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا، ئۇ كۆپ قېتىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى100 يىلغىچە ئەسقاتىدۇ، تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يۈرەكلىكرەك بولۇپ، سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك. ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىدە، ئاساسلىقى سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيەنى يوقىتىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېزدىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبتا قىلغان سۆزىنى پۈتۈن پارتىيەگە يەتكۈزدى، پۈتۈن پارتىيە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبتا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشقا تولۇق تەييارلىق قىلدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىدە، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئاساسىي ئەمەلىيەت ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەر ئىلمىي خۇلاسىلىنىپ، ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋە بوغۇپ قويغان كۆپلىگەن مۇھىم، زور تونۇش مەسىلىلىرىگە نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر جاۋاب بېرىلگەن بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشتىكى يەنە بىر ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش خىتابنامىسى ھېسابلىنىدۇ.

# ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش زىممىسىدە مەسئۇلىيەت بولۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

3 - لېيەن 1 - بەننىڭ بەنجاڭى چېن دېفېڭ مۇنداق دېدى: 3 - لېيەندە، ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك كوللېكتىپچانلىق ئېڭى بار، ئوخشاش بىر نىشان ئۈچۈن بىرىمۇ چۈشۈپ قالماي، ئاخىرىغىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىدۇ.

2015 - يىلى، 3 - لېيەن تۈەنگە ۋاكالىتەن «شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر لېيەنىنى كۈچەيتىش ماھارەت كۆرستىشى»گە قاتناشتى، بەش كىلومېتىرلىق قوراللىق دالا يۈرۈشى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە، شىگۈەن ما فۇخەي ئاخىرقى نۇقتىغا يېقىنلاشقاندا يوتىسى تاسادىپىي يارىلاندى، ئۇ ياقىسىنى چىشلىگىنىچە ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ 300 نەچچە مېتىر يۈگۈرۈپ، قەتئىيلىك بىلەن تېز بېرىپ ھۇجۇم قىلىشنى تاماملىدى. مۇسابىقىدىن كېيىن دوختۇرخانىدا تەكشۈرتۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ سۆڭىكىنىڭ سۇنغانلىقى ئېنىقلاندى.

«بۇ كەچۈرمىشنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن.» ئوخشاشلا مۇسابىقىگە قاتناشقان ئەترەت ئەزاسى، ھازىر 3 - لېيەننىڭ لېيەنجاڭلىقىنى ئۆتەۋاتقان جاڭ خاۋ ئەينى چاغدىكى كۆرۈنۈشنى ئەسكە ئالدى: ما فۇخەي زادىلا ۋايسىمىدى، پەقەت چىرايى ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن، پۈرچاقتەك تەر تامچىلىرى توختىماي ئېقىۋاتقان بولۇپ، سەپداشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىققا ئىزچىل ئەسكەرتىپ تۇردى... ئاخىرقى نۇقتىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن شۇ دەقىقىدە، ئۇ ئاندىن يەرگە قاتتىق يىقىلدى. شۇ كۈنى، پۈتۈن لېيەندىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنى مۇسابىقە مەيدانىدىن ئۇزىتىپ قويدى.

جەڭچى جاڭ جىڭيۇ مۇنداق دېدى: دالىدا تۇرۇپ مەشىق قىلغاندا شارائىت ناچار، مۇھىت جاپالىق ئىدى. لېيەنجاڭ، بەنجاڭلار ئۆزى تاماق ئېتىپ، جەڭچىلەرنىڭ تامىقىنى ياخشىلاپ بېرەتتى. يايما چۆپ، ئاچچىق - چۈچۈك پىنتوزا، جياۋزى ... گەرچە بىر كۈن مەشىق قىلىپ ناھايىتى چارچىساقمۇ، لېكىن مەززىلىك تاماق - قورۇملار ئۈستەلگە چىققاندا كۆپچىلىكنىڭ قەلبى ئىللىپ كېتەتتى.

بەنجاڭ چېن دېفېڭ مەشىق مەيدانىدا جەڭچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، مەشىق مەيدانىنىڭ سىرتىدا بولسا «كۆيۈمچان ئەر» بولۇپ، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمىنى ياماپ بېرەتتى، يارىلانغان جەڭچىلەرگە ياردەملىشىپ پۇت يۇيىدىغان سۇ ئەكېلىپ بېرەتتى، زاراڭزا مېيى سۈركەپ قوياتتى.

شۇنداق قىلىپ، مەشىقتىكى قاتتىق تەلەپ بىلەن مەشىق سىرتىدىكى ئىللىقلىق 3 - لېيەن تۇرمۇشىنىڭ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەربىي لاگېر تۇرمۇشىنى باشقىچە بىر خىل ئىللىقلىققا ئىگە قىلدى.

**■ بۇ جايدا بىرمۇ ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىقتەك ياردەم بېرىش، يېتەكلەش ئەنئەنىسى بار**

3 - لېيەننىڭ شەرەپ ئۆيىگە كىرگەندە، ئالاھىدە بىر پارچە باھالاش ئىمتىھان قەغىزى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

بۇ يىل 4 - ئاينىڭ بېشىدا يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتنىڭ دەرىجە بېكىتىش باھالىشىدا، ئادەتتىكى ئەسكەر يى چيۇجىن خەرىتە ئىشلىتىش دەرسلىكىدە تولۇق نومۇر ئالدى.

بۇ تولۇق نومۇرلۇق ئىمتىھان قەغىزى تەستە قولغا كەلدى. يەر شەكلى خەرىتىسىگە ھۆكۈم قىلىش، خەرىتىدىكى مىقدار ھېسابلاش، ئۆرە تۇرۇش نۇقتىسى ۋە نىشان نۇقتىسىنى بېكىتىش قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان يى چيۇجىندا بىر خىل شەكىلسىز بېسىم پەيدا قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق تونۇشۇپ چىقىش باھالىشىدا ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاران 37 نومۇر بولغانىدى.

شۇ كۈنى، يى چيۇجىننىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. «ئۈمىدسىزلەنمەڭ، لېيەندۈينىڭ شانلىق نەتىجىسى كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە يارىتىشىغا باغلىق، مەن سىزگە ياردەم قىلىپ تولۇقلاش مەشىقى قىلىپ بېرەي.» 5 - بەننىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى ۋېي رۇڭجياڭ «خەرىتە ماھىرى» بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزى يى چيۇجىنغا ناھايىتى زور ئىشەنچ ئاتا قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋېي رۇڭجياڭ يى چيۇجىنغا ھەمراھ بولۇپ مۇشكۈلاتنى يېڭىش ئەندىزىسىنى ئاچتى. ۋېي رۇڭجياڭ يى چيۇجىن ئۈچۈن مەخسۇس ئاساسىي بىلىملەر قوللانمىسى تۈزۈپ بەردى، يى چيۇجىن قوللانمىنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، ۋاقتى چىقسىلا يادلىدى؛ يى چيۇجىن مىقدار ھېسابلاش كوردىناتىغا ئانچە پىششىق ئەمەس ئىدى، ۋېي رۇڭجياڭ ھەركۈنى كەچتە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ مەخسۇس مەشىقلەندۈردى ھەم بارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى، بارلىق تېخنىكىسىنى ئايىماي ئۆگەتتى... تىرىشقانلار مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، يى چيۇجىن ئالدىنقى يېرىم يىللىق دەرىجە بېكىتىش باھالىشىدا پۈتۈن تۈەن بويىچە بىردىنبىر تولۇق نومۇرلۇق ئىمتىھان قەغىزى تاپشۇردى. لېيەندۈي پارتىيە ياچېيكىسى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە شان - شەرەپلىرىنى بىرلىكتە لېيەندۈينىڭ شەرەپ ئۆيىگە قويۇشنى قارار قىلدى.

«شان - شەرەپنى جان تىكىپ قوغداش، ئۇستاز - شاگىرتلار كۈچ ئۇلاپ ماھارەتتە كامالەتكە يېتىش 3 - لېيەننىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىختىساسلىقلار پارچىلىنىش ئۇنۇم ئېففېكتىنىڭ يادرولۇق مەخپىي شىفرى.» 1 - يىڭنىڭ جياۋداۋيۈەنى دۇ كەي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 3 - لېيەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 131 ئادەم ھەر دەرىجىلىك مەشىق ئەلاچىسى ۋە مەشىق ئۈلگىسى بولۇپ تىكلىنىپ، ئۇدا تۆت يىل شى - تۈەن تەرىپىدىن «ھەربىي مەشىقتىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

بىر چىراغ يەنە بىر چىراغنى ياندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. 3 - لېيەندىكى تۈركۈم - تۈركۈم كوماندىر - جەڭچىلەر داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا شان - شەرەپنى قوغدىماقتا، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتماقتا.

**■ بۇ جايدا ياشلارنىڭ بۇرچى، مەسئۇلىيىتى بار**

«مەن ‹شى جىنپىڭنىڭ يەتتە يىللىق زىيالىي ياشلىق ھاياتى›دىن كۆرەش قىلىشنىڭ قىممىتىنى كۆردۈم، ياشلىق باھارىمنى قىسىمنىڭ ئوتتەك قىزغىن تۇرمۇشىدا نۇرلاندۇرىمەن» دېدى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جەڭچى غۇلامبېك قىسىمغا كەلگەندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ.

بۇ قىرغىز جەڭچى قىسىمغا كىرىشتىن ئىلگىرى كۆپ جايدا ئىشلىگەن. «ئەينى چاغدا ناھايىتى گاڭگىراپ قالغاندىم، ئەمما قىسىمغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.» ھەربىي گازارما تۇرمۇشىغا ئاستا - ئاستا ماسلاشقان غۇلامبېك ئۇچۇق - يورۇق، شوخ، ئۆگىنىشنى قىزغىن سۆيىدىغان، مەشىققە كىرىشىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىپ، لېيەندۈينىڭ ھەربىي مەشىقىدىكى ئىلگىرىلەش چولپىنىغا ئايلاندى. «بۇ يەردە، مەن مەسئۇلىيىتىمنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىقىنى، ئۆسۈپ يېتىلىشىمنىڭ تېخىمۇ تېز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم» دېدى غۇلامبېك.

22 ياشلىق ئابدۇسالام ۋەلى ئىلگىرى بايىنغولىن كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەننىڭ كومپيۇتېر ئەمەلىي قوللىنىشچان تېخنىكا كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، قىسىمغا ئادەم قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزىنىڭ تاللىشىدىن ئاتا - ئانىسى ناھايىتى پەخىرلەنگەن، بۇ يىل ئۇ ئارزۇسى بويىچە مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەردىن پىدائىي ئەسكەرگە ئايلانغان.

بارغانسېرى كۆپ ياش قاننىڭ قوشۇلۇشى 3 - لېيەننىڭ تۇرمۇشىنى باشقىچە رەڭدارلاشتۇردى.

«ئەڭ بىۋاستە كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئۆزگىرىش شۇكى، قارا دوسكا گېزىتى بارغانسېرى ياخشى چىقىدىغان بولدى» دېدى چېن دېفېڭ. ئىلگىرى، كونا ئەسكەرلەر قارا دوسكا گېزىتى چىقىرىشتا پەقەت قوپال ئۇسۇلنى قوللىناتتى. ھازىر، ياش جەڭچىلەر خېلى كۆپ يېڭى تېخنىكىلارنى بىلىدۇ، كومپيۇتېردا رەسىم سىزىپ ۋە خەت ئۇرۇپ، ئاندىن پرويېكتور ئارقىلىق دوسكىغا ئىزىنى چۈشۈرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، مودا مۇزىكىلار جەڭچىلەر ئارىسىدىكى مۇزاكىرە تېمىسىغا ئايلاندى، ئەمما چېن دېفېڭغا ئوخشاش بۇنداق كونا ئەسكەرلەردىمۇ يېڭى بىئاراملىق پەيدا بولدى: يېڭى جەڭچىلەر ئالدىدا ئۆزۈمنى سەل «سەپتىن چۈشۈپ قالغاندەك» ھېس قىلىمەن، پاراڭلاشقان ۋاقىتتا گەپ قىستۇرالمايمەن.

جاڭ خاۋنىڭ قارىشىچە، بۇ ياش جەڭچىلەرنىڭ بىلىم دائىرىسى كەڭ، ئىدىيەسى جانلىق، ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالايدىكەن. «بەزى كىشىلەر ياشلارنىڭ جىسمىدا چۈشكۈنلۈك ياكى پاسسىپلىق تېخىمۇ ئاسان نامايان بولىدۇ دەيدۇ، ئەمما بىزنىڭ 3 - لېيەندىكى ھەربىر ياشتا پائال يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان قەلب بار» دېدى جاڭ خاۋ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «نەمۇنىچى تۈەن جىڭۋېيى» ياڭ چۇگيۈەن

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ)** جياڭسۇ لىيۇخېدىكى خېڭلياڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرسىلا كۆزگە چېلىقىدىغان جايدا بىر مىس ھەيكەل قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ - چىققاندا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان «ئۇ»نى كۆرەلەيدۇ.

ئۇ دەل ياڭ چۇگيۈەن، 1947 - يىلى جياڭسۇ لىيۇخېدا تۇغۇلغان. 1968 - يىلى 3 - ئايدا چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتناشقان، شۇ يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەڭچى، پەيجاڭ، گەنشى، جاۋداۋيۈەن، تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، تۈەن جىڭۋېيى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شاڭشياۋلىق ھەربىي ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ قىسىمنى قىزغىن سۆيۈپ، خىزمەتكە سادىق بولۇپ، كۆپ قېتىم لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئاكتىپى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

1986 - يىلى 8 - ئايدا، ئەمدىلا دۆلەت مۇداپىئە داشۆسىنى پۈتكۈزگەن ياڭ چۇگيۈەن ئاساسىي بىرقەدەر ئاجىز بولغان مەلۇم توپچىلار تۈەنىگە يۆتكىلىپ جىڭۋېي بولغان. پۈتۈن تۈەن ھەربىيلەر چوڭ يىغىنىدا، ياڭ چۇگيۈەن «پاك - دۇرۇس، ئادىل، ئەمەلىيەتچىل» بولغان ئىلغار تۈەن پارتكومى بەرپا قىلىش تەدبىرىنى پۈتۈن تۈەندىكىلەرگە جاكارلاپ، كۆپچىلىكنىڭ نازارەت قىلىپ ئىجرا قىلدۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە: «مەن تۈەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شۇڭا ئۈلگە بولۇشۇم كېرەك، ئۇنداق قىلالمىسام ئاۋۋال دەككەمنى يەيمەن» دېگەن.

ياڭ چۇگيۈەن دېگىنىنى قىلغان، ئۇ پارتكوم بەنزىسىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ قىسىم قۇرۇلۇشىنى تۇتقان؛ كادىرلارنى باشقۇرۇشتا پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، دۇرۇس كەيپىياتنى ياقلاپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا قاتتىق بولغان؛ ئادەتتە ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ھەم ئۇنى قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلغان. ئۇ ئىستىلدا چوڭقۇر، خىزمەتتە پۇختا بولغان، كۆپ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئەھۋالدىمۇ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، لىيەندۈيلەرنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەرگەن. جىڭۋېيلىقنى ئۆتىگەن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئۇ 300 نەچچە كۈن ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان، بۇ جەرياندا لىيەندۈيلەردە 100 نەچچە كۈن نۇقتىدا تۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن «بەنزىدىكىلەر»نى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

1987 - يىلى، ياڭ چۇگيۈەن پۈتۈن تۈەننى باشلاپ شى ۋە جىتۈەنجۈن تەشكىللىگەن باھالاشتا يەتتە تۈردە بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۇ ۋە تۈەنجاڭ جىتۈەنجۈن پارتكومى تەرىپىدىن «بىر جۈپ ياخشى باش كوماندىر» بولۇپ باھالانغان. 1988 - يىلى، ئۇ تۇرۇشلۇق تۈەن پارتكومى جىتۈەنجۈن تەرىپىدىن ئىلغار تۈەن پارتكومى بولۇپ باھالانغان. ياڭ چۇگيۈەن جياۋ يۈلۇنىڭكىگە ئوخشاش نۇرغۇن قىممەتلىك روھقا ئىگە بولۇپ، كوماندىر - جەڭچىلەر ئۇنى «ئارمىيەدىكى جياۋ يۈلۇ» دەپ تەرىپلىگەن، پارتكوم بەنزىسىدىكىلەر ئۇنى «پاك - دۇرۇس ياخشى بەنجاڭ» دەپ تەرىپلىگەن.

1988 - يىلى 11 - ئايدا، ياڭ چۇگيۈەن لىيەندۈيدە نۇقتىدا تۇرغاندا، دىيابېت كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەن. نۇقتىدا تۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئورگانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاغرىق تۇرۇپمۇ ماقالە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، يىل ئاخىرىدىكى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەشنى ئورۇنلاشتۇرغان. 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلىشىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغان. ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئۇ خوتۇنىغا تەشكىلگە شەخسىي تەلەپ قويماسلىقنى تاپىلىغان.

1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ياڭ چۇگيۈەن كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 42 ياشتا ئىدى.

1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى ياڭ چۇگيۈەنگە «نەمۇنىچى تۈەن جىڭۋېيى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى.

«چۇگيۈەن روھى» ياڭ چۇگيۈەن يۇرتىدىكى خەلققە قالدۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق. ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، نەنجىڭ شەھىرىنىڭ لىيۇخې رايونى خېڭلياڭ كوچا باشقارمىسى خۇاڭجۇاڭ كەنتىدە ياڭ چۇگيۈەننىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە بۇ جاي قىزىل ھەربىي قىسىم مەدەنىيىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ئالاھىدىلىك قىلغان تەربىيە بازىسى قىلىنىدۇ. خېڭلياڭ كوچا باشقارمىسى خۇاڭجۇاڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭ چېڭخۇڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە ئۇلار دائىم پارتىيە ئەزالىرى پائالىيەت كۈنىدە كەنتتىكى ياشانغانلارنى ياڭ چۇگيۈەننىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىكەن. «بىز ياڭ چۇگيۈەننىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسىنى قۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىمىز، كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى ھەم ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز».

# ئەسكەرلەرنى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى لۇ شۇنباۋ



لۇ شۇنباۋنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خەن چاۋياڭ)** خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نېيشياڭ ناھىيەسىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي ۋە ئارچىلار قەھرىمانلارنىڭ روھىغا ھەمراھ بولىدۇ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەرلەرنى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈشتىكى داڭلىق نەمۇنىچىسى لۇ شۇنباۋنىڭ ھەيكىلى بۇ يەرگە قويۇلغان بولۇپ، ئۆزى چەكسىز قىزغىن سۆيىدىغان زېمىنغا داۋاملىق نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ.

لۇ شۇنباۋ، 1922 - يىلى تۇغۇلغان، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نېيشياڭ ناھىيەسىدىن. 1945 - يىلى 7 - ئايدا 8 - ئارمىيەگە قاتناشقان. 1946 - يىلى 2 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەنجاڭ، جىداۋيۈەن، جاۋداۋيۈەن، تەشكىلات گەنشىسى، سىياسىي ياردەمچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ جەڭدە باتۇر، خىزمەتتە ئاكتىپ بولۇپ، ئىككى قېتىم ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، تۆت قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، شەرەپ بىلەن «ئۇرۇش قەھرىمانى»، «خەلق قەھرىمانى»، «ئەسكەر يېتەكلەش نەمۇنىچىسى»، «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن.

لۇ شۇنباۋ خەلقنى ئاتا - ئانىسىدەك كۆرگەن، بارغانلىكى يەردە ھەممىشە ئاممىنىڭ ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، جەڭچىلەرنى باشلاپ ئاممىغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئاممىنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كومپارتىيەنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرگەن.

لۇ شۇنباۋ جەڭچىلەرگە خۇددى قېرىنداشلاردەك مۇئامىلە قىلىپ، ئىشنى تۇرمۇشتا كۆڭۈل بۆلۈشتىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە ھەربىي تېخنىكىسىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇرۇش مۇھىتىدا تۇرمۇش جاپالىق بولغاچقا، ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك، ئاياغ - پايپاقلىرىنى جەڭچىلەرگە بېرىپ، ئۆزى يالاڭ ئاياغ ياكى يىرتىق ئاياغلارنى كىيىپ ماڭغان؛ تاماقنى جەڭچىلەرگە بېرىپ، ئۆزى دائىم ئاچ - توق يۈرگەن. ھەربىي يۈرۈشتە، ئۇ دائىم جەڭچىلەرنىڭ مىلتىق، زەمبىرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن، بەزى جەڭچىلەر ماڭالماي قالسا، ئۇلارنى يۈدۈپ ماڭغان؛ ھەر قېتىم قونالغۇغا بارغاندا، ئۇ ھارغىنغا قارىماي، جەڭچىلەرگە پۇت يۇيىدىغان سۇ قايناتىپ بەرگەن، قانلىق قاپارتمىلىرىنى داۋالىغان، كېچىلىرى ياتاق، قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغان.

1948 - يىلى قىشتا، لۇ شۇنباۋ تۇرۇشلۇق لېيەندۈي قار - شۇرغانغا قارىماي داتۇڭغا جەددىي ھەربىي يۈرۈش قىلغان. ئۇ ھەممىلا يەردە ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ پاختىلىق ئايىغى، پايپاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېڭى جەڭچىلەرگە بېرىپ، ئۆزى يىرتىق يازلىق ئاياغنى كىيىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان. بىرەر جەڭچى ئاغرىپ قالسا، ئۇ شۇ جەڭچىنى يۈدۈپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن. ئۇنىڭ يېتەكلىشىدە، پۈتۈن لىيەندىكىلەر مۇستەھكەم ئىرادە ۋە پولاتتەك ئىتتىپاقلىققا تايىنىپ، كېچە - كۈندۈز 400 چاقىرىم يول يۈرۈپ، بىرمۇ ئادەم سەپتىن چۈشۈپ قالماي، ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملىغان.

لۇ شۇنباۋ پۈتۈن ئارمىيە بويىچە «ئەسكەرلەرنى سۆيۈشتىكى بايراقدار» قىلىپ تىكلەنگەن، ئۇ تۇرۇشلۇق لېيەنگىمۇ سەنشى - چاخار - خېبېي دالا ئارمىيەسى تەرىپىدىن «كادىرلارنى ھۆرمەتلەش، ئەسكەرلەرنى سۆيۈشتىكى نەمۇنىلىك لېيەن» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەن. يەنئەندە چىقىدىغان «ئازادلىق گېزىتى» پۈتۈن ئارمىيەنى لۇ شۇنباۋدىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان. 1950 - يىلى 9 - ئايدا، لۇ شۇنباۋ مەملىكەتلىك ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان.

1956 - يىلى 9 - ئايدا، لۇ شۇنباۋ پارتىيەنىڭ يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، چوڭ شەھەردە ۋە قىسىمدا قېلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە بېرىپ خىزمەت قىلغان. 1989 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، لۇ شۇنباۋ 67 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

لۇ شۇنباۋنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 30 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرلەرنى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈشتەك نەمۇنىلىك يۈكسەك ئوبرازى ھېلىھەم ئەۋلادلار ۋە يۇرت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەھكەم ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. لۇ شۇنباۋنىڭ ئوغلى لۇ جاۋجۇڭ مۇنداق دېدى: «دادام بىر كىچىك تاغلىق كەنتتىن چىقىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خىزمەت كۆرسەتتى، مەن ئۇنى ئىچ - ئىچىمدىن چەكسىز ھۆرمەت قىلىمەن، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىمۇ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بىر ئۈلۈش كۈچۈمنى قوشىمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)